# ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرسىدا بىختەر باغ ئورنىتىش توغرىسىدا

بىختەر باغلىنىش دىگەن نىمە؟

ھەممىمىز بىلىمىز، بالا دۇنياغا كەلگەندە ئاندىن پەقەت جىسمانى جەھەتتە ئايرىلىدۇ. قورساقتىن چۈشىدۇ، كىندىكى كېسىلىدۇ، ئۇ ئايرىم بىر ئادەم بولۇشقا باشلايدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىت، بالىنىڭ ئاندىن ھەقىقى ئايرىلغان ۋاقتى ياكى بىر مۇستەقىل ئادەم بولغان ۋاقتى ئەمەس. يەنى جىسمانى جەھەتتە ئايرىلىسمۇ، روھى جەھەتتە يەنىلا ئانىغا باغلانغان ۋاقتى، ئانىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنداق بولۇش تۆت ياشقىچە داۋاملىشىدۇ. تۆت ياشقا كىرگەندە بالا ئاندىن روھى جەھەتتە ئاندىن ئايرىلىپ ئايرىم ، مۇستەقىل بىر ئادەم بولۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۆل ياشتىن ئىككى ياشقىچە بولغان ۋاقتى بالىنىڭ ئانىغا باغلىنىش مەزگىلى بولىدۇ. بالا دۇنياغا يېڭى تۇغۇلۇپ، ئۆيگە بىر يېڭى مېھمان بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ ئۆيدە قىسلىپ قالماسلىقى، ئۆزىنى ئازادە تۇتۇپ، راھەت ھىس قىلىشى كېرەك. ئۆزىنى قوبۇل قىلىنغانلىقىنى، دەيدىغان گەپلىرىنى دىيەلىشى كېرەك. دەل مۇشۇنداق راھەت ھىس قىلىش، ئۆزىنى ئەركىن قويۇپ بېرىش ھەم يارانقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغان ئۆز شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن دەسلەپكى ئىككى يىلدا ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا باغ شەكىللىنىدۇ.

ئىككى ياشتىن تۆت ياشقىچە ۋاقىتتا، بالا ئاندىن بىختەرلىك تۇيغۇسىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۆيىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئالدىرىماي ئاندىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمدى ئۆزەم قىلىمەن، ئەمدى مۇستەقىل بولىمەن دەپ بالا چوڭ بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپ ئەۋرىسى، خىزمەت چەۋرىسى

بولىدۇ. لېكىن بالا تۇغۇلغاندا ئەڭ يۆلىنىدىغىنى، ئەڭ ئىشەنچ قىلىدىغىنى، ئەڭ مۇھەببەت كېرەك قىلىدىغىنى ئۇنىڭ ئانىسى ۋە دادىسى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ياشتىن كېيىن، بالىدا تەۋەلىك تۇيغۇسى كۈچىيىشكە باشلايدۇ.

مەسىلەن: مېنىڭ ئۆزەمنىڭ تاماق قاچام بولسا دەيدۇ، ئۆزەم ئولتۇرۇپ تاماق يېسەم دەيدۇ، ھەممە نەرسە مېنىڭ دېيىشكە باشلايدۇ. بالا ئۈچ ياشقا كەلگەندە دۇنيادىكى ئەڭ شەخسىيەتچى ئادەمگە ئايلىنىدۇ. دۇنيا مەن ئۈچۈنلا ئايلىنىشى كېرەك دەيدۇ. بۇ بالىنىڭ ئەڭ شەخسىيەتچى مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. تۆت ياشقا كەلگەندە، ئاندىن بىخەتەر ئايرىلىپ، ئەتراپتىن دوست ئىزدەيدۇ.

بالا دۇنياغا كەلدى، ئۇنىڭ باشقا ھېچنىمىسى يوق. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھتاج بولىدىغان نەرسىسى ئاندىن ئالىدىغان بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، يەنى سۆيگۈ بولىدۇ. نىمە ئۈچۈن مەندىن باشقا يەنە بالا تەربىيىسى توغرىلىق دەرس سۆزلەۋاتقان گۈلباھار مۇئەللىم ياكى مەرپۇغە مۇئەللىملەر بولسۇن، توختىماي باغ توغرىلىق تەكىتلەيدۇ دېگەندە، بالا يېڭى دۇنياغا كەلگەندە جىسمانى جەھەتتە ئوزۇقلىنىشقا، قورسىقىنى تويغۇزۇشقا، سۈت ئېمىشكە موھتاج بولغاندىن باشقا، ئاندىن سۆيگۈ ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئېلىشقا ئەڭ موھتاج.

بۇ بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ ئاساسى ئېھتىياجلىرىدىن بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز باغ شەكىللەندۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەكىتلەيمىز. ئانا بىلەن ساغلام باغ قۇرالىغان بالا چوڭ بولغان ۋاقىتلاردا، دوستلىرى بىلەن، كەلگۈسى ھەمراھى ۋە بالىلىرى بىلەن بىخەتەر باغ قۇرۇشقا ئاساس سالغان بولىدۇ. باشقىلارغا ئىشەنچ تۇيغۇسى بىلەن قارايدىغان، ئىشەنچ بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇپ بىخەتەر ھىس قىلىدىغان، ئۆزىنى ھەر ۋاقىت ئەركىن قويۇپ بېرەلەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتى بويىچە ئىش قىلالايدىغان بولىدۇ. ھەرگىزمۇ ئىككى يۈزلىمچى بولۇپ قالمايدۇ.

ئىككى يۈزلىمچىلىك قانداق شەكىللىنىدۇ؟ سىز بىرىدىن قورقىسىز، ئەسلى ھالىتىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويالماستىن ماسكىدىن بىرنى تاقايسىز، يەنى ئۇنىڭ سىزنى مازاق

قىلىشى ياكى تۆۋەن كۆرۈشىدىن قورقىسىز. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ئەسلى ھالىتىنى نىقابلاپ، سىرتقى جەھەتتە باشقا بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرىسىز. بۇنداق ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ئۆزىنىڭ ئەسلى ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەسلى ھالىتى بويىچە ياشيالماسلىق دېگەنلىك بولۇپ، بەختەرلىك باغ شەكىللەنمىگەنلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

بىخەتەر باغ ئورنىتىشتا ئەڭ مۇھىم ھالقىلىق نۇقتا قايسى؟ يەنى ئانىلارنىڭ ماددى جەھەتتىن ياكى مەنىۋى جەھەتتىن قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىش قايسى؟ بالا بىلەن ھەر ۋاقىت بىللە بولۇشمۇ، بالىنىڭ ئېھتىياجىنى دەل ۋاقتىدا قاندۇرۇشمۇ؟ مەن بالىلار پسىخىكىسىنى ئۆگىنىش ۋە بالا تەربىيىسى توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇش جەريانىدا شۇنى ھىس قىلدىمكى، بىخەتەر باغ شەكىللەندۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتا پەقەت ئانا بىلەن بالىنىڭ بىللە بولۇشلا ئەمەس، بەلكى ئانىنىڭ بالا بىلەن بىللە بولغاندا، بالىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇۋاتقان ھەر بىر دەقىقىدە، ھەر بىر مىنۇت، سېكۇنتتا، پۈتۈن زېھنىنى بالىغا بېرىش؛ شۇ ۋاقىت، شۇ دەقىقىدە زېھنىدە بالىسىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بولماسلىق؛ باشقا ھەممە نەرسىنى كېيىنگە قويۇش ياكى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش. بۇ بىخەتەر باغ شەكىللىنىشتىكى ئەڭ ھالقىلىق نۇقتا. قويىنىڭىزنى بالىغا كەڭ ئېچىپ "بالام، سەن ئۈزۈڭنى ماڭا ئات دېيىش" ، ئۆزىڭىزنى ھەم بالىغا تاشلاپ بېرىشتىن ئىبارەت.

نۆلدىن ئىككى ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بىخەتەر باغ ئورنىتىشقا ياردەم بېرىدىغان مۇھىم ئىشلار قايسى؟

1. ئەمدۈرۈش. يەنى بالىنى ئىككى ياشقىچە تولۇق ئەمدۈرۈش.

2. بالىنى ياتاقتىن ئايرىماي بىر ياتاقتا يېتىش. يەنى بالا بىلەن ماددى جەھەتتە ئايرىيدىغان ھېچقانداق نەرسە بولماستىن بىرگە يېتىش.

3. زاكا ئالماشتۇرۇش جەريانىدا بالىنى ئەركىلىتىپ ئوينىتىش، كۈلدۈرۈش.

4. بالا بىلەن سۈپەتلىك ۋاقىت ئۆتكۈزۈش.

بۇلار بالا بىلەن بىخەتەر باغ ئورنىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىش- ھەرىكەتلەر. بۇ ئىشلارنى قىلغاندا، پۈتۈن زېھنىڭىزنى بالىغا بەرگەندە، بىخەتەر باغ شەكىللىنىدۇ. ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا تام قالمايدۇ، بالا سىزنى راھەت ئىمىدۇ. سىزمۇ بالىنى راھەت ئىمىتىسىز. بالا ئەمدۇرگەندە، ئەگەر كاللىڭىزدا باشقا ئىشلار بار بولسا، مەسىلەن چۈشتە نىمە تاماق ئەتسەم بولار، ماۋۇ ئىشنى قانداق قىلسام بولار دەپ ئويلاۋاتسىز. ياكى يولدىشىڭىز بىلەن گەپ تالىشىپ قالدىڭىز. شۇڭا ئاچچىقىڭىز كېلىۋاتىدۇ. بالىڭىزغا قاراۋاتسىز، ئىمىتىۋاتسىز، كۈلدۈرۈۋاتسىز، لېكىن كاللىڭىزدا ھەرخىل ئىشلار بار. بالىڭىزغا يۈزەكى كۈلۈپ قويىۋاتسىز، بالىڭىزنىڭ بېشىنى سىلاپ، خىيالغا چۆشۈپ كەتتىڭىز. بۇ ۋاقىتتا باغ شەكىللەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىڭىزنى ئەمگۈزگەندە، پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن، ھەرخىل ئاچچىق، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى چىقىرىۋېتىپ، بالىڭىزغا تەبەسسۇم قىلىشىڭىز كېرەك.

يەنە مەسىلەن، بالىنى ئۇخلىتىۋاتسىز، لېكىن سىز بالىنى ئۇخلىتىشقا تىرىشقانسىرى ، بالىڭىز تېتىكلىشىپ ئۇخلىمايۋاتىدۇ. بۇ نىمە ئىشتۇ دېيىشىڭىز مۇمكىن. بەلكىم سىز ئىچىڭىزدە بالىڭىزنى چاققانراق ئۇخلىغىنە، سەن ئۇخلىساڭ مەن ئۆگىنىشىمنى قىلىۋالسام، ئىشىمنى قىلىۋالسام، قاچامنى يۇيۇۋالسام، چاققانراق ئۇخلىغىنە، مەن بىر بازارغا چىقىپ كىرىۋالسام، دېگەن خىيال بىلەن ئۇخلىتىۋاتسىز. ئېغىزىڭىزدا ئەللەي بالام ئۇخلا دەيسىز، لېكىن كاللىڭىزدا شۇ ئىشلار بار. سىز بالىڭىزغا ئۆزىڭىزنى تاشلىشىڭىز كېرەك. "كىلە بالام تەڭ ئۇخلايلى" دەپ سىزمۇ ئۇخلاڭ، بالىڭىزمۇ ئۇخلىسۇن. بالا تىنىقىڭىزنى سەزگەن ھالدا، ئۆزىنى راھەت تاشلاپ، سىزنى قۇچاقلاپ بىللە ئۇخلاپ قالىدۇ. بەلكىم سىز بىردەمدىن كىيىن ئويغىنىپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. بۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشنى قىلىۋەرسىڭىز بولىدۇ. لېكىن بالىنى ئۇخلىتىۋاتقان ۋاقىتتا، پۈتۈن زېھنىڭىزنى، ئوي- خىياللىرىڭىزنى بالىغا بېرىشىڭىز كېرەك.

بالا بىلەن باغ ئورنىتىشتا، يەنە بىر مۇھىم ئىش بالا بىلەن سۆيۈشۈش ۋاقىت ئۆتكۈزۈش، پۈتۈن زېھنىنى بالىغا بېرىش. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى مالىنا خانىمنىڭ بالىلىرى بىلەن

قانداق ئويىنىغانلىقى. مالىنا خانىم باللار بىلەن ئويىنىغاندا، ئويۇننىڭ ئىچىگە كىرىڭلار، باللىنىڭ ھېسياتىغا تەڭ ھەسسىيات قوشۇڭلار، دەيدۇ.

باللىنىڭ زاكىسىنى ئالماشتۇرغاندا، ۋاي بەك سېسىپ كېتىپتۇ، دەيسىز. ئاچچىقىڭىز كېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئورنىغا باللىڭىزدىن ھوزۇر ئېلىپ، بۇنىڭغا شۈكرى ئېيتىشىڭىز كېرەك. يولباشچىمىزنىڭ ھاجەتخانىدىن چىققاندا ئىچىمىزدىكى زەھەرلىك نەرسىلەرنى كەتكۈزگەن ياراتقۇچىغا شۈكرى ئېيتقان، ھەمدە ئېيتقان ھالدا چىقىپ كېتەتتى. سىزمۇ باللىڭىزنىڭ زاكىسىنى ئالماشتۇرغاندا، شۈكرىلەر ئېيتىپ، پۈتۈن زېھنىڭىزنى بېرىپ ئالماشتۇرسىڭىز بولىدۇ.

مالىنا خانىم باللار بىلەن ئويىنىغاندا، ئويۇننىڭ ئىچىگە كىرىڭلار، ھەر بىر پېرسوناژنى ياخشى چۈشىنىڭلار، ئۆزۈڭلارنى چوڭ ئادەمدەك ھېس قىلىۋالماڭلار، شۇنىڭدا باللار خوشال-خۇرام ئوينىيالايدۇ، دىگەن. بۇنىڭدىن نېمىنى ھېس قىلىمىز؟ مالىنا خانىم باللىرى بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزگەندە، پۈتۈن زېھنىنى باللىرىغا بەرگەن، ئۆزى باللىقىغا قايتقان، ئۆزىنى شۇلار بىلەن ئوخشاش ھېس قىلغان. مۇشۇنداق قىلالىغانلىقى ئۈچۈن، باللىرى ئويۇندىن ھوزۇر تاپقان. بۇ ئويۇننى ياخشى كۆرگەن. باللىرى ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئەركىن قويۇپ بەرگەن.

بالا بىلەن بىخەتەر باغ ئورنىتىشتا، ھالقىلىق نۇقتا بالىغا جىسمانى جەھەتتە ھەمرا بولۇش ئەمەس، بەلكى بالا بىلەن بىرگە بولغان ھەر بىر ۋاقىتتا روھى جەھەتتە پۈتۈن زېھنىڭىزنى، كاللىڭىزدىكى پۈتۈن ئوي خىيالىڭىزنى بالىغا بېرىش، ئۆزىڭىزنى خۇددى دېڭىزغا تاشلىغاندەك، بالىغا ئۆزىڭىزنى ئەركىن ئېتىشتىن ئىبارەت.

بىخەتەر باغ ئورنىتىشتىكى ئىش-ھەرىكەتلەردە بىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مۇھىم نۇقتىلار:

بىرىنچى، بىز بۇرۇن سۆزلىگەندە، بالا 0-2 ياشقىچە بولغان مەزگىلدە، بىخەتەر باغ قۇرۇلىدۇ. 2-4 ياشقىچە بىخەتەر ئايرىلىدۇ دېسەم ئانىلاردا خاتا چۈشەنچە بولۇپ قالمىسۇن. بۇ خۇددى تۆت ياشتىن كىچىك باللىرى بارلارنىڭ ئىشىدەك، باللىرى چوڭلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن ئالاقىسى يوقتەك ھېس قىلماڭ. ئەگەر باللىڭىز بىلەن بىخەتەر باغ قۇرالمىسىڭىز، باللىڭىز

بىلەن سىرداش بولۇشنى خالىمىسىڭىز بولمايدۇ. سىزمۇ ئوخشاشلا بۇ نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىسى چوڭ ئانىلارمۇ بۇ دەرسنى چوقۇم ئۆزىمىزگە تەتبىقلاشنى ئۇنتۇپ قالمايلى.

ئىككىنچى، تۈركچىدە«ئىش دۇيارلىق» (Es Duyarlik) دىگەن بىر سۆز بولۇپ، ئوخشاش تۇيغۇ، ئوخشاش، تەڭ، ھەمراھ دىگەن مەنىلەردە. بالىڭىز بىر ئىشقا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، قاتتىق ۋارقىراپ يىغلىغاندا، سىز "يىغلىما، ئاغزىڭنى يۇم" دەپ ھەتتا ئاغزىغا ئۇرۇۋېتىمۇ سالىسىز. بالىڭىز يىغلىۋالسۇن، ئاچچىقىنى چىقىرىۋالسۇن، بولمىسا بالا كىيىن بىر ئىشقا ئاچچىقلىنالمايدىغان، ئاچچىقىنى چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر بالىنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس ئىش بولۇپ قالسا ھەم شۇنى قىلىمەن دەپ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يىغلاپ تۇرۇۋالسا، بۇ بالىنىڭ ئېھتىياج كۆرسىشى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىز بالام بىز بۇ ئىشنى قىلمايمىز، دەپ رەت قىلساق بولىدۇ. ئەمما بالا يىغلاپ توختىمىسا، بالىنىڭ كۆزىگە قاراپ، ھە بوپتۇ، قىلىڭە، دەپ ئۆزگەرتىۋالساق بولمايدۇ. بىز چوقۇم قارارلىق بولىشىمىز، گېپىمىزدە چىڭ تۇرىشىمىز كېرەك. بالا يىغلاپ، ئاچچىقلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالغاندىن كىيىن توختايدۇ. كېيىنچە بۇنداق قىلىشنىڭ ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، يامان ئىشنى قىلىشتىن توختايدۇ.

تۇيغۇدا باللار بىلەن ئوخشاش بولۇش ئىنتايىن مۇھىم. بىز بالىنى چۈشۈرمەسلىكىمىز، كەمسىتمەسلىكىمىز كېرەك، بەلكى ئۇلارنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك. بۇنداق بولغاندا، بالا كىيىن پۈتۈن سىرلىرىنى سىز بىلەن ئورتاقلىشىدىغان بولىدۇ. يەنى ئاپام مىنى ئەيىبلىمەيدۇ، مىنى چۈشىنىدۇ، مەن بىلەن سىرداش بولالايدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئانا-بالا ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغ ناھايىتى تەبئى ياخشى شەكىللىنىدۇ. ئەگەر بالىنى ئەخمەق قىلساق، ئۇنىڭغا ئاچچىقلانساق، بالا بىزدىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئوتتۇرىدا تام شەكىللىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بالا ئاپام قوبۇل قىلارمۇ، دىگەننى ئويلاپ، دىمەيدىغان بولۇپ

قالدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى ئاپا ياكى دادا بولسۇن، بالا بىلەن تۇيغۇدا ئوخشاش بولۇش-بىخەتەر باغ ئورنىتىشتىكى يەنە بىر مۇھىم ھالقا.

ئۈچىنچى، ئاتا-ئانا بالىغا تۈزۈم قويغۇچى، چەكلىگۈچى بولماستىن، بالىغا يول كۆرسەتكۈچى يېتەكچى بولۇشى كېرەك. ئائىلىدە بالىغا ئىنتايىن كۆپ قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورنىتىمىز، لېكىن بالا قارىسا، ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۆزى بۇ قائىدىلەرگە ئەمەل قىلمايۋاتقان. مەسىلەن، دادىسى بالىسىغا چوڭلارغا پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇرماسلىقنى، كىرىلىپ ئولتۇرماسلىقنى ئۆگىتىدۇ، لېكىن ئۆزى پۇتلىرىنى سوزۇپ، ئۆز خاھىشى بىلەن ئولتۇرىدۇ. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بالىلار سۆزلىرىمىزدىن بەكرەك، ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزگە قارايدۇ ھەم ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بىر بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىزنىڭ يېڭىدىن ئادەم بولۇشىمىز ئۈچۈن بىر ياخشى پۇرسەت. بالام ماۋۇ يامان ئادەتنى ئۆگىنىپ قالمىسۇن، دەپ دىققەت قىلىمىز. ئەگەر بۇنداق تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، ئۆزىمىز رىئايە قىلمىساق، بالا بۇنىڭدىن ئادىللىق ھېس قىلمايدۇ، غەزەپكە تولىدۇ...شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشلار بالىنى ئائىلىدە بىخەتەر، خوشال ھېس قىلىشتىن توسىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قائىدە-تۈزۈملەر ئائىلىدىكى ھەممەيلەنگە ئورتاق بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز بالىمىزغا خاتالىقنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى ھەم يېتەكچى بولۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ نىمە پەرقى بار؟

ئىش ھەرىكەتلەردە ئەيىبلەش: كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلار بالا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قالسا، ئىش-ھەرىكىتىدىكى خاتالىقنى كۆرسىتىپ بەرمەي، بالىنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەپ سالىدۇ. بۇ خىل ئەيىبلەشلەر بالىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ياخشىلاشقا قىلچىمۇ ياردەم بەرمەيدۇ. ئەسلى بىز بالام ماۋۇ ئىشڭىز بولدى، ما ئىشڭىز بولمىدى، دەپ خاتا قىلغان جايلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز ھەرگىزمۇ بالىنىڭ ۋىجدان، غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ-سۆزلەرنى قىلماسلىقىمىز كېرەك.

مەن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان نۇقتا: ناۋادا بالا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قالسا، بىزنىڭ ئەيىپلەيدىغىنىمىز ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئادىمىيلىكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى بولۇپ قېلىشىدۇر. مەسىلەن، بالا بىرەر ئىمتىھاندا تۆۋەن نومۇر ئېلىپ قالسا، بىز ئۇنىڭغا

ئىمتىھانغا ياخشى تەييارلىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق تۆۋەن نومۇر ئېلىپ قالغانلىقىنى دىمەي بەلكى، سەن نېمانداق ھورۇن، سەن نېمانداق دۆت دەپ ئەيىبلەپ قويىمىز. شۇڭا بىز بالىمىزنىڭ قىلغان خاتالىقلىرىنى كۆرستىپ ئۇنىڭغا يىتەكچىلىك قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئادىمىيلىكىگە زەربە بەرمەسلىكىمىز كېرەك. ئۇندىن باشقا، بالىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەن، بالىغا زۆرۈر بولمىغان ئىشلاردا، مەسىلەن بالا ئەخلەت يىمەكلىك يەيمەن، دەپ تۇرۇۋالسا، بىز ئۇلارنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىشىمىز، ناۋادا ئۇلار خاتالىقىنى تونۇپ ئالدىمىزغا كەلسە، بايام مېنى خاپا قىلدىڭىزغۇ، گەپ قىلمايمەن سىزگە، دىگەندەك گەپلەرنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. بالىمىزنى قايتا قۇچىقىمىزغا ئېلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، بالا ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بىزگە تۆكۈپ سۆزلەيدىغان بولىدۇ.

مۇشۇنداق قىلالىغان ۋاقتىمىزدا، بالا بىرەر ئىش قىلىپ نەتىجە قازىنالمىغان ۋاقتىتا، ئانا مەن نەتىجە قازىنالماي قالدىم، دېيەلەيدىغان بولىدۇ. ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى سىزگە دېيەلەيدىغان بولىدۇ. شۇڭا بالىمىزغا بولغان سۆيگۈمىزنىڭ شەرتلىك ئىكەنلىكىنى، يەنى نەتىجە قازانسا ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىز، خاتالىق ئۆتكۈزسە ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمىزنى ئىپادىلىسەك، بالا ئاتا-ئانىنىڭ سۆيگۈسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ.

بالىمىزغا بولغان سۆيگۈمىز شەرتلىك بولماستىن، ھەر ۋاقىت شەرتسىز بولىشى كېرەك. مەيلى بالىمىز ئىمتىھاندا ياخشى نومۇر ئالسۇن ياكى تۆۋەن نومۇر ئالسۇن، ئۇنى بىزنىڭ سۆيگۈمىزنىڭ شەرتى قىلىۋالماسلىقىمىز، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى ئۈچۈن سۆيىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

نىمە ئۈچۈن ھەر قېتىم "بالا بىلەن باغ ئورنىتىش" دېمەي، "بەخــتەر باغ ئورنىتىش" دەيمىز؟

چۈنكى بەزىدە باغ ئورنىتىلىدۇ، لېكىن بالا ئاندىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. بۇنداق باغ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئاساسىدا ئورنىتىلغان باغ بولمايدۇ. بىخەتەر باغ ئورنىتىش ئۈچۈن ئانا بالىدا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

ئاناتولىيە پىداگوكىسىنىڭ جېنى ھېسابلىنىدىغان ناھايىتى مۇھىم ھالقا- بالىنىڭ تۇغۇلۇشتىكى تىنچ بولغان روھىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. شۇ ھالەتنى ساقلاپ قېلىشقا ئانىلارنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە كۈچ چىقىرىشى بالا بىلەن بىخەتەر باغ ئورنىتىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇنداقتا بالىنىڭ تىنچ روھىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشتا قانداق قىلىمىز؟

ھەر بىر بالا تۇغۇلغاندا روھىمىزنىڭ تىنچ بىر ھالىتى بولىدۇ ، ئەگەر روھىمىزنىڭ بۇ تىنچ ھالىتى بۇزۇلۇپ كەتسە، ئاسان تىتىلدايدىغان، ئىچىمىز سىقىلىدىغان، چېچىلاڭغۇ، دىققىتىمىزنى يىغالمايدىغان، ئۆزىمىزنىڭ تىنچلىقىنى تاپالمايدىغان، بىر ئىشلارنى دىققەت بىلەن قىلالمايدىغان، شۇ ئىشقا ئەستايىدىل بېرىلمەيدىغان بولۇپ قالىمىز.يولباشچىمىز بىزنى ئالدىراڭغۇلۇقتىن توسقان، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىن دېگەن. لېكىن تىنچلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئالدىرىماي، ئېغىر-بېسىق ھالىتىنى تۇتۇۋېلىش بولسا بۇ ياراتقۇچىمىزدىندۇر. ياراتقۇچىنى ياد ئېتىش بىلەن قەلبلىرىمىز ئارام تاپىدۇ. قەلب ئارام تاپىدىغان ئاشۇنداق كەيپىياتنى بۇزماسلىقىمىز كېرەك. ئۆي ئىچىدە ئاتا ئانىلارنىڭ گەپ – سۆز، ئىش – ھەرىكەتتىكى ئالدىراڭغۇلۇقى بالىنىڭ تىنچ مۇھىتىنى بۇزىدۇ. شۇڭلاشقا سىز ئىش – ھەرىكىتىڭىزنى ئاستىلىتىڭ، تىنچ، ئالدىرىماي قىلىشقا تىرىشىڭ.

مەسىلەن، بالىلىرىمىز بىلەن سىرتقا چىقماقچى بولۇپ بالىلارنى تېز ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇش، ئۇلارنى "سىز نېمانداق مىس-مىس، تېز بولۇڭ، چاققانراق بولمامسىز..." دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئالدىرىتىشىمىز بالىلارنىڭ تىنچ ھالىتىنى بۇزىدۇ. تاماق يېگەندىمۇ تېز

يەۋېتىشنى جىددىيچىلىك ئىچىدە سۆيلەپ ئالدىراتساق باللار تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، روھىدىكى تىنچلىق بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بالىغا گەپ قىلغانىدىمۇ بىردەمدە ئاچچىقلاپ، بىردەمدە خۇشال بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتساق باللارنىڭ روھىي تىنچلىقىنى بۇزۇپ قويىمىز. باللار خاتالىق ئۆتكۈزسە دەرھال ئاچچىقلىماي ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىشىمىز كېرەك. سىز بالىڭىز بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە ئولتۇرۇپ، كۆزىگە قاراپ ياكى بالىنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ۋە ياكى بالىنى قۇچىقىڭىزغا ئېلىپ تۇرۇپ خاتالىقىنى تۈزىتىپ بەرگەندە، باللارغا بېسىم ئىشلەتمەي، بۇيرۇق قىلمىغان ھالەتتە ئۇلار بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ-قوپۇپ قىلغاندا باللارنىڭ قەلبى ئارام تاپىدۇ. بالىڭىزنىڭ بوي ئېگىزلىكىگە تەڭ باراۋەر ئولتۇرۇپ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالغان ھالدا بالىغا دانىمۇ-دانە، ئالدىرىماي خاتالىقىنى چۈشەندۈرۈڭ.

مەسىلەن، باللار تاماق يېگەن ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ چېچىۋېتىشى نورمال ئىش، ھەرگىزمۇ ”سىز تاماقنى ئىسراپ قىلدىڭىز،ئېلىڭە“ دەپ ئۇلارنى قورقۇتماستىن،“مەيلى ھېچقىسى يوق، ئاۋال سىز تامىقىڭىزنى يەپ بولۇڭ ئاندىن چېچىۋەتكەن تامىقىڭىزنى يىغىشتۇرىمىز“ دەپ ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىمىز، ھەرگىزمۇ قائىدىگە سېلىۋالمايمىز. تۈيغۇدا ئەركىن، ھەرىكەتتە ئىنتىزامچان بولۇپ، ئاۋال ئۇلارغا تۈيغۇدا ئەركىنلىك بېرىمىز.

يەنە مەسىلەن، بالىڭىز پىچاقنى قولىغا ئېلىۋالغاندا ھەرگىزمۇ جىددىيلىشىپ، تەڭ ۋارقىراپ ئۇلارنى ھودۇقتۇرماستىن، ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ سالماقلىق بىلەن بالىغا پىچاق ئويىنسا قولىنى كېسىۋالىدىغانلىقى(ئېھتىياتسىزلىقتىن)، ئۇنى قولىغا ئېلىۋېلىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىمىز. سىز قانچىكى جىددىيلىشىپ، بالىنى قورقۇتۇپ پىچاقنى جايىغا قويۇشقا ئۈندىگەندە بالىدا ئەكسىچە قارشىلىشىش تۈيغۇسى پەيدا بولۇپ، گېپىڭىزنى ئاڭلىماسلىقى ئېنىق.

سىزنىڭ بالىڭىزغا تۇتقان بىردەم جىدديلىشىپ، بىردەم ئاچچىقلاپ، بىردەم خۇشال بولىدىغان تۇراقسىز كەيپىياتىڭىز، ئالدىراقسانلىقىڭىزمۇ بالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ . بالىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈش، قەلبىدە بىر خىل تىنچ ھالەتكە قايتۇرۇش ئۈچۈن ،بىز ئۆزىمىز تىنچ ۋە ئېغىر-بېسىق بولىشىمىز كېرەك .

مەزكۇر يازما ئەي بالام بلوگىغا تەۋە، ھەرقانداق سالون ۋە بلوگلارنىڭ كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەندە ئەسلى مەنبەنى ئەسكەرتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.